# شەمسىيە تۇرسۇننىڭ گۇۋاھلىق ۋىدىئوسى

UTFW2-005 - Shemsiye Tursun

1. مېنىڭ ئىسمىم شەمسىيە تۇرسۇن، مەن غۇلجا شەھرىدە تۇغۇلغان. 2012- يىلى ئىستانبۇلغا كەلدىم. كەلگەندىن بۇيان ھېچ قايتىپ باقمىدىم. مەن بوۋگۇن ئاپام، دادام ۋە كىچىك ئاپام توغۇرلۇق گۇۋاھلىق بەرمەكچى.
2. بۇ سۈرەتتىكى دادام، بۇ ئاپام. بۇ بولسا كىچىك ئاپام.
3. ئاپام-دادام 2012- يىلى ھەجگە بېرىپ قايتىشىدا تۈركىيەگە مېنى كۆرۈش ئۈچۈن كەلگەن. كەتكەندىن كېيىن قايتا تەكرار ئىككى قېتىم كەلدى. ئەڭ ئاخىرقى قېتىم 2016- يىلى كېلىپ كەتتى. كەتتكەندىن كېيىن بىز ئىنتېرنىتتا كۆرۈشۈپ تۇردۇق، تور ئارقىلىق كۆرۈشۈپ تۇردۇق. ئەمما 2017- يىلى 10- ئايدىن كېيىن ھېچقانداق ئالاقىمىز بولمىدى، ئالاقىمىز ئۈزۈلۈپلا قالدى. كېيىن سۈرۈشتە قىلىش ئارقىلىق، ئاپامنىڭ 2018- يىلى، 4-5- ئايلارمىكىن 20يىللىق كېسىۋېتىلگەنلىكىدىن خەۋەر تاپتىم، ھېچقانداق بىر خاتالىق، ھېچقانداق قانۇنغا خىلاپ بىر ئىش قىلمىغان، پەقەت سەۋەبى تۈركىيىگە مېنى كۆرگىلى كەلگەنلىكى ئۈچۈن 20 يىل كېسىۋېتىلگەنلىكىنى بىلدىم. دادام ئىلى ئوبلاستلىق خەلق قۇرۇلتىيىدىن پېنسىيەگە چىققان كادىر؛ ئاپام ئىلى ئوبلاستلىق دوستلۇق دوختۇرخانىسىدىن پېنسىيەگە چىققان كادىر. ئىككىلىسى يۇقۇرى مەدەنىيەت سەۋىيەسىگە ئىگە. ھېچقانداق بىر دۆلەتنىڭ قانۇنىغا خىلاپلىق ھېچقانداق ئىش قىلغان ئەمەس. ئاپام ۋە دادام ئىككىسىنىڭ سالامەتلىكى ئىنتايىن ناچار. دادام ئىككى قېتىم يۈرەككە تىرەك سالدۇرغان ۋە شىكەر كېسىلى بار. ئاپامنىڭمۇ شىكەر كېسىلى ناھايىتى ئېغىر ۋە يۈرەك كىسىلى بار، قان بېسىمى بەك يۇقۇرى. ھازىر ئۇلارنىڭ ئەھۋالى قانداق، بىلمەيمەن.
4. بۇ كىچىك ئاپام. كىچىك ئاپامنىڭ ئىككى بالىسى تۈركىيەدە ئوقۇيتتى، بىر قىز، بىر ئوغلى بار ئىدى. كىچىك ئاپام تۈركىيەگە ئۈچ-تۆت قېتىم كەلگەن ئىدى. ئەڭ ئاخىرقى قېتىم 2017- يىلى 12- ئايدا (تۈركىيەدىن) كەتكەن، 12- ئاينىڭ 20- كۈنى. كەتكەندىن كېيىن ئۈرۈمچىدە ئايرىدۇرۇمدىن ئۇدۇل جازا لاگىرىغا ئېلىپ كېتىپتۇ ۋە كېيىن ئۆي كىسىۋېتىپتۇ. ئۆي كىسىۋېتىپ مۇشۇ 2021- يىلى 4- ئاينىڭ 13- كۈنى جەستىنى ئۆيدىكىلەرگە-ئۇرۇق-تۇققانلارغا بىرىپتۇ. بىز بۇ خەۋەرنى ئىككى ئايدىن كېيىن ئۇقتۇق.
5. ئاپام- دادامنىمۇ 2016- يىلى قايتقان ۋاقىتتا ئۈرۈمچى ئايرىدۇرۇمدىن ئەكىرىۋېلىپ، بىر كېچە ئاۋارە قىلىپ، پاسپورتلىرىنى ئېلىۋاپتۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئاپام-دادام ھېچ چىقالمىدى.

6. بۈگۈنكىدىدەك تەرەققىي قىلغان 21- ئەسىردە ياشاۋاتىمىز. تېلېفون دۇنيانىڭ ھەرقانداق بىر يېرىگە ئۇلىنىدۇ، پەقەت خىتتايغا ئۇلانمايدۇ، شەرقى تۈركىستانغا ئۇلانمايدۇ. مېنىڭ ئىككى ھەدەم، يەنە بىر ئاكام بار. يەنە باشقا ئۇرۇق-تۇققانلىرىممۇ بار. ئۇلاردىنمۇ ھېچقانداق خەۋەر ئالالمىدىم. ئاكامنىڭ بىر يىل جازا لاگىرىدا يېتىپ چىققانلىقىنى ئاڭلىدىم. كېيىن قويۇپ بىرىپتۇ، سالامەتلىك ئەھۋالى ئىنتايىن ياخشى ئەمەسكەن، ھازىر ھېچقانداق خەۋەر ئالالمايۋاتىمەن. مەن ئۇلارنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىمىغىلى تۆت يىلدىن ئاشتى.

**مەن بۇ گۇۋاھلىق سۆزۈمنى ئۇقۇپ ئۇنىڭ ئەينەن يېزىلغانلىقىغا چۈشەندىم ھەم مەزمۇنلىرىغا قوشۇلىمەن.مەن بۇ گۇاھلىق سۆزۈمنىڭ ئۇيغۇر ئالاھىدە سوتىنىڭ تور بىتىدە نەشىر قىلىنىغانلىقىنى ھەمدە ئاۋام كۆپچىلىككە ئاشكارە قىلىنىدىغانلىقىنى چۈشىنىمەن.**

**ئىمزا:**

**ۋاقىت:**